# ئاللاھ ئەۋەتكەنلا پەيغەمبەر قوي باقىقان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ئەۋەتكەنلا پەيغەمبەر قوي باقىقان» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى: سىلىمۇ قوي باقىقانمۇ؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، مەن مەككىلىكلەرنىڭ قويلىرىنى بىر قانچە تەڭگىگە باقاتتىم» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتىدا قوي باقىقان. ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بۇ ئىشنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن بولغانلىقى ئىپادىلەيدۇ، بۇ توغرىدا ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: بۇنىڭدىكى ھېكمەت: ئىنسانىنى خەلىققە ئىدارە قىلىشقا، ئۇلارنى پايدىلىق ئىشلارغا يېتەكلەشكە ئادەتلەندۈرۈش، چۈنكى پادىچى قويلارنى بەزى ۋاقىتتا ياپلاقتا ئېلىپ بارىدۇ، بەزى ۋاقىتتا جايىدا قالدۇرىدۇ، يەنە بەزى ۋاقىتتا قوتانغا قايتۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى ياپلاقلارنى بىلىدىغان، قويلارنىڭ يەم-خەشەك ۋە سۇيىگە ۋە قويلارغا پايدىلىق تەجرىبە ۋە كۆرسەتمىگە ئىگە پادىچىغا ئوخشاش ئۈممىتىنى ئىدارە قىلىدۇ. ئىلىم، ھىدايەت ۋە توغرا پىكىر بىلەن ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. قوينى تاللاشتىكى مەقسەت: قوي باققۇچى ئېغىر-بېسىق، تەمكىن كىلىدۇ، ئەكسىچە تۆگە باققۇچى كۆپىنچە قوپال، باغرى قاتتىق بولىدۇ، شۇنىڭدەك تۆگىدىمۇ قوپاللىق ۋە قاتتىقلىق بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنىڭ خەلقنى ئىدارە قىلىشقا مەشىق قىلىپ، ئادەتلىنىشى ئۈچۈن قوي بېقىشنى ئىرادە قىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6219

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee